# 4241 - جازانە شەكلدە مۇددەتكە بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۆي سېتىۋالغان كىشىنىڭ ھەج قىلىشى توغرىسىدا

## سوئال

ئاتام مۇددەتكە بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۆي سېتىۋالدى، ھەم بانكىغا بۇ قەرزنىڭ پايدىسىنى ئۆتەيدۇ، ھازىر ھەجگە بېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتىدۇ، مۇددەتكە بۆلۈپ ئۆتەشنىڭ يەنە ئون بەش يىل ۋاقتى بار، قەرزدار بولسىمۇ ھەج قىلسا توغرا بولامدۇ؟ ياكى ئون بەش يىل ساقلاپ قەرزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەج قىلىشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر ھازىر ھەج قىلىش توغرا بولمىسا بۇ جەرياندا ئۆمرە قىلسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەر ئايدا ئۆتەيدىغان قەرزنى ۋاقتىدا ئۆتىيەلىسە، ئۇلارغا قەرزنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ بولغۇچە ساقلاش كېرەك بولمايدۇ، بەلكى ھەر ئايلىق قەرزنى ۋاقتىدا ئۆتەپ يەنە ھەج قىلىشقا قادىر بولالىسا ئۇلارغا ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ شۇنىڭدەك ئۆمرە قىلىشمۇ كېرەك بولىدۇ. ئەمما جازانە ئىشىغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىشى كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.